ئۇمۇمنى كۆزلەپ داغدام يولدا مېڭىش

ــــ «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا يۈرۈشلۈك مۇلاھىزە (10)

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خەن بىڭ، دۇ بەييۇ

بۈگۈنكى كۈندە، پاكىستاننىڭ پورت شەھىرى كاراچىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ئەلى ھەيدەر ئاغرىقلارنى خاتىرجەم ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان، ئارىلىقتا توك توختاپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋېيتناملىق قىز ۋۇ شىجۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مەشىق قىلىپ، ۋېيتنامنىڭ يېنىك رېلىسلىق تۆمۈريول ترانسپورت ساھەسىدىكى تۇنجى ئەۋلاد لاياقەتلىك خىزمەتچى بولۇش ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز تىرىشماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، مونتېنېگرو جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاغلىق رايوندا ياشايدىغان بوۋاي پېتروۋىچ مونتېنېگرودىكى تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ كۈنسايىن ياسىلىپ پۈتۈۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولدى، ئۇنىڭ قەلبى كەلگۈسى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئارزۇغا تولدى…

ئەتراپىدىكى ئەمەلىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۇلار بىر ئىسىمنى ــ جۇڭگونى ئېسىدە تۇتۇۋالدى. چۈنكى جۇڭگو ياسىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى كاراچىدىكى دوختۇرخاندا توك توختاش تارىخىغا خاتىمە بەردى، جۇڭگو قانات يايدۇرغان تەربىيەلەش ۋېيتنامنىڭ تۇنجى ئەۋلاد يېنىك رېلىسلىق تۆمۈريول خادىملىرىغا زۆرۈر بىلىملەرنى ئېلىپ كەلدى، جۇڭگو ياساۋاتقان يول مونتېنېگرودىكى قاتمۇقات تاغ جوققىلىرىنى داغدام يولغا ئايلاندۇردى.

داغدام يولدا ماڭغانلار ئۇمۇمنى كۆزلەيدۇ. 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، ئىدارە قىلىش قىزىل رەقىمى، ئىشەنچ قىزىل رەقىمى، تىنچلىق قىزىل رەقىمى، تەرەققىيات قىزىل رەقىمى ئىنسانلارغا كەسكىن خىرىس ئېلىپ كەلگەندە، كېسەلنى داۋالاپ ئىللەتنى تۈگىتىشتەك جۇڭگو ئىدىيەسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمەكتە؛ پۈتۈن دۇنياغا ياردەم بېرىدىغان جۇڭگو ھەرىكىتى ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان داغدام يولغا قەدەم تاشلىدى.

■ ئاۋام مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى چىڭ ساقلاش، جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى پۈتۈن يەر شارىنىڭ كەلگۈسىگە ئىلھام بەردى

بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالساق، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق دولقۇنى تۇرۇپ پەسىيىپ، تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، باي ـ نامراتلىق پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، پۈتۈن يەر شارى كلىماتىنىڭ ئىللىشى، تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ كۆپ يۈزبېرىشى قاتارلىق مەسىلىلەر گىرەلىشىپ ھەل قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش تەرتىپىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ… قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، «دۇنيا نېمە بولىدۇ، بىز قانداق قىلىمىز؟» دېگەن دەۋر سوئالى يەنىلا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا.

يەر شارىۋى تەرەققىياتتىكى «تۆت چوڭ قىزىل رەقەم» ئالدىدا، جۇڭگو قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى «تۆتتە چىڭ تۇرۇش»، يەنى ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە «دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى» «ئىناق ھەمكارلىشىپ بىللە ياشاش»تەك جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە يىلتىز تارتقان بولۇپ، «دۇنياغا مەسئۇل بولۇش»تەك جۇڭگو مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەتكە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

يېڭىچە چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى، يېڭى خەۋپسىزلىك قارىشى، يېڭى تەرەققىيات قارىشى، توغرا مەنپەئەت قارىشىدىن ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشى، «رەڭدار، باراۋەر، سىغدۇرۇشچان» بولۇشتىن ئىبارەت مەدەنىيلىك قارىشىغىچە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى كىشىگە پۈتۈنلەي يېڭىچە تۇيغۇ بەردى. نورۋېگىيە ئالىمى جون گالتون بۇنى بىر خىل يېڭىچە «دۇنيا قاراش» ــ ئومۇمىي گەۋدە ئېڭى، يەر شارىۋى تەپەككۇر، ئىنسانىيەت ھېسسىياتى بىلەن دۇنياغا نەزەر سېلىش، دەپ ئاتىدى.

تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنىڭ قىممەتلىك يېرى، ئۇنىڭدا يەنە نۆل يىغىندىلىق كۈچ سىنىشىشتەك كونا تەپەككۇر چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ۋە يەرلىك سىياسىيدىن ھالقىغان جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى نامايان قىلىنىدى. «تارىخنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى سەپسەتىسى» «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسى»، ئاشۇرۇپ كۆرسىتىلگەن ئاتالمىش «تۇسىدىدېس تۇزىقى»دىن «جۇڭگو تەھدىتى سەپسەتىسى»گىچە، توقۇنۇشقا تاقابىل تۇرۇش تەپەككۇرىنىڭ غەلىتە چەمبىرىكى دۇنيانى چوڭقۇر زىيانغا ئۇچرىتىپ، كىشىلەرنى جۇڭگو لايىھەسىگە تېخىمۇ تەقەززا قىلدى. دەل ئەنگلىيە كامبرىج داشۆسىنىڭ پروفېسسورى مارتىن ياك ئېيتقاندەك: «جۇڭگو بىر خىل ‹يېڭى ئىمكانىيەت› بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ئورمان قائىدىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، زوراۋانلىق ھاكىمۇتلەقلىق قىلماي، نۆل يىغىندىلىق كۈچ سىنىشىشتىن ھالقىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان مەدەنىيلىك تەرەققىياتى يېڭى يولىنى ئاچتى. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىجادىي ھەرىكەت، شۇنداقلا دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت.

«بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى قانچىلىك ماددىي بايلىق ياراتقانلىقىدىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە قانداق ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا». گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپولوس يېقىندا جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا بۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى چوڭقۇر نامايان قىلىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار قارارىغا كىرگۈزۈلۈپ، بارغانسېرى كۆپ دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. پۈتۈن دۇنياغا ياخشىلىق قىلىپ، ئىناقلىقنى قەدىرلەيدىغان جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى دەۋر خىرىسىغا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، دۇنيادىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، كىشىلەرنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشقا بولغان ئۈمىدىگە بىۋاسىتە تېگىپ، كۈچلۈك تەسىر كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچىنى نامايان قىلدى.

■ ئادالەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، جۇڭگو ھەرىكىتى دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇردى

بىلىش بىلەن قىلىش بىرلەشتۈرۈلدى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولدى. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى پەقەت ئىنسانلارنى تەرەققىياتقا يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغۋار غايە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىنىدىغان پۇختا ھەرىكەت.

جۇڭگو قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ دۇنيا بىلەن پۇرسەتتىن ھەمبەھىرلەندى. چىلىنىڭ چوڭ گىلاسىدىن تارتىپ مالايسىيانىڭ ئاق قەھۋەسىگىچە، زور مىقداردىكى چەت ئەل خاس مەھسۇلاتلىرى جۇڭگو بازىرىغا تۈركۈملەپ كىردى، جۇڭگونىڭ ئىستېمال پايدىسى پۈتۈن دۇنيانى مەنپەئەتلەندۈردى؛ ئىمپورتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو بۇلتۇر تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى 400 مىڭدىن ئارتۇق سېتىۋالغۇچى سودىگەرنى كۆرگەزمىگە كېلىپ كېڭىشىشكە، سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلدى؛ ئېچىۋېتىلگەن كەيپىيات، مول سودا پۇرسىتى، بارغانسېرى كۆپ چەت ئەل كارخانىلىرىنى قەدىمى بىلەن «بېلەت تاشلاش»قا جەلپ قىلدى. جۇڭگو سودا مىنىستىرلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلى جۇڭگودا يېڭىدىن قۇرۇلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 60 مىڭدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %70كە يېقىن ئاشقان.

جۇڭگو چىن كۆڭلى، سەممىي نىيىتى بىلەن يەر شارىۋى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ سېجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتىدۇ. ئېگىز تاغ ۋە چوڭ دېڭىز ئىسپات بولىدۇكى، مالدىۋىدىن سىرى لانكىغىچە، جۇڭگو ئېلىپ كەلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى «نۆل بۆسۈش» كىشىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى؛ زۇمرەت سۇ ۋە كۆك ئاسمان گۇۋاھ بولىدۇكى، لائوستىن قازاقىستانغىچە، جۇڭگو يولغا قويغان يېشىل مۇھىت ئاسراش تۈرلىرى ھەم ئۈرگۈپ تۇرغان باھار تۈسىنى قوغدىدى، ھەم پارلاق كەلگۈسىنى يورۇتتى؛ خۇشاللىق ۋە ئاۋاتلىق گۇۋاھ بولىدۇكى، باڭلادىشتىن سېربىيەگىچە يەنە گرېتسىيە، مىسىرغىچە، جۇڭگو تۈرتكە بولغان ھەمكارلىق تۈرلىرى شۇ جايدىكى پۇقرالارغا مول ئېرىشىش تۇيغۇسى ئېلىپ كەلدى.

جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتكە بەرگەن ۋەدىسىنى قەتئىي ئادا قىلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگو مال بېجىنى تۆۋەنلىتىش، مۇلازىمەت سودىسىنى ئېچىۋېتىش، ئىمپورت نورمىسى قاتارلىق غەيرىي تاموژنا بېجى تەدبىرى جەھەتلەردە ۋەدىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ئۆز ھەرىكىتى بىلەن ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سەمىمىيىتىنى ئىزاھلىدى، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى، ياسىمىچىلىق، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇشتىن، تېخىمۇ كۆپ ساھەدە چەت ئەل مەبلىغىنىڭ پايىنى كونترول قىلىشى ياكى مۇستەقىل مەبلەغ تىجارىتى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشقىچە، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلدى.

پىلان تۈزگەندە ئومۇمنى كۆزلەپ تۇرۇپ پىلان تۈزۈلدى. ئادالەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن جۇڭگو ھەرىكىتى، كىشىلەرگە ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشقا ئىنتىلىشنىڭ پايدىسىنى ھېس قىلدۇردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى مايكول مۇللېرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىش، تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى «دۇنيادا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتماقتا».

■ ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو سالاپىتى دۇنيا ئەھلىنىڭ قەلبىنى ئۇتتى

ئەخلاقلىق كىشى تەنھا قالمايدۇ، ئۇنىڭ چوقۇم قوشنىلىرى بولىدۇ. يېقىندا، ئىتالىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، پېرۇ قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول» دوستلار چەمبىرىكىگە رەسمىي قوشۇلدى، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ كۆلىمى تۇنجى نۆۋەتتىكىدىن ئېشىپ كەتتى، جۇڭگو چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ مۇنبەر مەزگىلىدە ئىمزالىغان ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 64 مىليارد دوللاردىن ئاشتى… ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك جۇڭگو ئىدىيەسى بارغانسېرى كۆپ دۆلەتنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە جەلپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلەشتەك ئوبرازىمۇ دۇنيا مىقياسىدا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا. گېرمانىيە سودا بانكىسى يېقىندا قانات يايدۇرغان بىر تۈرلۈك ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، گېرمانىيەدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونى ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك سودا ھەمراھى دەپ قارايدىكەن. چىلىدىكى بىر نوپۇزلۇق ئەلرايىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ يېقىندا ئېلىپ بارغان ئەلرايىنى تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، چىلى پۇقرالىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئوبرازىغا ئاكتىپ ئىجابىي باھا بەرگەن. چىلىنىڭ «خەۋەرچى گېزىتى»دە مۇنداق دېيىلدى: ئەلرايىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئامما ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمما بەزى زومىگەر، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان دۆلەتلەرنىڭ نەزەرىدە، جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىشى ياخشى ئىش بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا تەھدىت شەكىللەندۈرىدىكەن. زومىگەرلىك ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئامېرىكا «تاموژنا بېجى كالتىكى»نى پۇلاڭلىتىپ، پەن ـ تېخنىكا زومىگەرلىكىنى يولغا قويۇپ، قارشىلىشىش توقۇنۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ مۇتەھەملىك بىلەن بېسىم قىلىشقا قارىتا، جۇڭگونىڭ مەيدانى روشەن بولدى: ئامېرىكا تەرەپنىڭ چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق نامۇۋاپىق مەنپەئەت تەلەپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ھەرگىز ئاقمايدۇ، جۇڭگو تەرەپ مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەرگىز يول قويمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو داۋاملىق سالماقنى زورايتىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئىلگىرىكىدەكلا قارشى ئالىدۇ.

چوڭ ئىش، قىيىن ئىشلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سىنىلىدۇ، ئوڭۇشلۇق، ئوڭۇشسىز شارائىتتا كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى بىلىنىدۇ. جۇڭگو ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنياغا شۇنى بىلدۈردىكى: تەرەققىياتنى كۆزلەش، باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشقا ئىنتىلىش، ھەرگىز بىرەر كىمنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، يەنە شۇنداقلا بىرەر كىمنىڭ مەنپەئەتىنى تالىشىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز دۆلىتى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈپ، مىليونلىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل قىلىش ئۈچۈن. دۇنيانىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش چوڭ دۆلەتنىڭ زىممىسىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا تىنچ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ توغرا يولىدۇر.

يوللۇق ئىش قىلغانلار ياردەمگە ئېرىشىدۇ، يولسىزلىق قىلغانلار تەنھا قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىچە زومىگەرلىك بارغانسېرى كۆپ دۆلەتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداشتەك ھەققانىي ھەرىكىتى بارغانسېرى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خۇددى فرانسىيە پارىژ 8 ـ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى پېيىر پىكاردىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشتا ھەيۋە قىلىش ۋە تەھدىت سېلىشقا تايىنىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئېچىۋېتىش، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك… ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشى جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان ‹ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى› ئىدىيەسى بىلەن كۈچلۈك پەرق شەكىللەندۈردى».

دەۋر ئېقىمى ھەيۋەتلىك، تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسى بىلەن ئەمەلىيىتى جەزمەن پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا تېخىمۇ كۆپلىگەن ئېتىراپ قىلىش ۋە قوللاشقا ئېرىشىدۇ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش دەۋر سىمفونىيەسىنى ئورتاق ياڭرىتىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سانكت پېتېربۇرگدا يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زور بىر تۈركۈم داڭلىق شەخسلەر مەيدانغا كېلىپ يېتىشىپ چىققان، بولۇپمۇ دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلىقلارنى بېرىپ، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، رۇسىيە ۋە رۇسىيە خەلقىنىڭ پەخرى.

شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىن بىرلىكتە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى زەمبىرەك ئوقىنى ئاتقان ئاۋرورا ناملىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتقا چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاۋرورا ناملىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوت جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەينى يىللاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى زەمبىرەك ئاۋازى ياڭراپ جۇڭگوغا ماركسىزمنى ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنىڭدىن كېيىن، دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. رۇسىيە تەرەپ ئاۋرورا ناملىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتنى مۇكەممەل، ياخشى ساقلاپتۇ، بۇنىڭدىن تارىخقا بولغان ھۆرمەت نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. پۇتىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تارىخ ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك دەپ تەكىتلىدى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىر تەرەپتىن، قىرغاقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا كەڭ ـ كۆشادە پاراڭلىشىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدى. پۇتىن تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇق ساياھەتچىنىڭ رۇسىيەگە ھەم سانكت پېتېربۇرگقا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى قىشلىق سارايغا كېلىپ داۋاملىق ئۇزاق سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ھەم مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتەك مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك، بۇ يالغۇز جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئاساسىي خەلقئارا مىزان ۋە خەلقئارا ئەخلاق، ھەققانىيەتنى قوغداش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈندۇر.

پۇتىن مۇنداق بىلدۈردى: خەلقئارا ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولغانسېرى، رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى شۇنچە مۇستەھكەملىشى، چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، خەلقئارا ئىشلاردىكى ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە سودا مۇنبىرىگە قاتناشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچىنچى، مەنپەئەت يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىر گەۋدىلىشىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئۇزاق كەلگۈسىنى پىلانلاپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشى كېرەك. تۆتىنچى، يەر شارىۋى ئېنېرگىيە ئىدارە قىلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيەنىڭ ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. قول تۇتۇشۇپ كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپ ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يەر شارىۋى ئېنېرگىيە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەر شارىۋى ئېنېرگىيە تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ ئېنېرگىيە ھەمكارلىق بوشلۇقى كەڭ، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشكە تېخىمۇ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ بېرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق سىياسەت مەدەتى بىلەن تەمىنلەشنى خالايمەن. ئىشىنىمەنكى، يېڭى دەۋردە جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتىدە، ئىككى دۆلەت كارخانىلىرى چوقۇم سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تىرىشىپ تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتالايدۇ.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە ـ جۇڭگو ئېنېرگىيە سودا مۇنبىرىنى مەن ۋە رەئىس شى جىنپىڭ بۇلتۇر ئورتاق قارار قىلىپ قۇرغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ھاسىلىي ئېنېرگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مۇھىم سۇپا بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى رۇسىيە ـ جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز ساھەگە ئايلاندى، بۇ ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق. رۇسىيە ـ جۇڭگو ئېنېرگىيە ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، سودا، تېخنىكا تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقتا پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، مۇھىم نېفىت ـ تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى ھەمكارلىق تۈرلىرى قەدەملەپ ئىلگىرى سۈرۈلدى. رۇسىيە جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ رۇسىيە ئېنېرگىيە بازىرىغا مەبلەغ سېلىشىنى زورايتىشنى قارشى ئالىدۇ. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئالاقىدار قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ رۇسىيەگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىشىنى ياخشى بازار مۇھىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.